## 12499 ـ هاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە غىزالىنىش توغرىسىدا

**سۇئال**

سوئال: مۇسۇلماننىڭ هاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى توغرىمۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاهقا خاستۇر.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ياكى كافىر بولسۇن هاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا كۇفرى ۋە باتىل سۆزلەرنى قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كافىرلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار. ئىمام تەبەرى: بۇ ئايەت ھەر تۈردىكى ئازغۇن ـ باتىل سۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، سورۇنداش بولۇق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھات بېرىدۇ.

ئىبنى كەسىر: ئەگەر ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قىلساڭلار سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش دېگەن ئايەتنى، يەنى گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش دەپ چۈشەندۈرگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم هاراق ـ شاراب ئىچىلىۋاتقان ئورۇنلاردا ئولتۇرمىسۇن. تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي سەھىھ دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى، گەرچە ئۆزى هاراق ئىچمىسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان مۇنكەر ئىشلىرىنى ئېتىراپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

بىرگە هاراق ـ شاراب ئىچمىگەندىمۇ ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشى مۇنكەرنى كۆرۈپ گەپ قىلماي ئولتۇرغانلىقى، ئۇ قىلمىشىڭلار توغرا قىلساڭلار بولىدۇ دەيدىغان ئادىمى شەيتانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئىمانى ۋە ئىنسانى مەجبۇرىيىتى، ئۇلارنىڭ هاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى، سۆزىگە قۇلاق سالمىسا ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرماسلىقى، ئاللاھتىن ئۇلارغا ھىدايەت تىلىشى لازىمدۇر.